# شىنجاڭ گېزىتى

新 疆 日 报

(维文)

(ۋەكالەت نومۇرى 1 — 57)

1987 - يىل

ئىيۇن

18

(پەيشەنبە)

ئۈرۈمچىدە كۈندۈزى ۋە كېچىسى ھاۋا ئوچۇق، بەزىدە بۇلۇتلۇق بولىدۇ. تېمپېراتۇرا 20°C—31°C بولىدۇ، دېڭىز شامال چىقىدۇ.


ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇش، غەم - ئەندىشىنى تۈگىتىش، چوڭقۇر تەكشۈرۇش،

تۈپ سانىنى بېكىتىش ئارقىلىق

## ئاپتونوم رايونلۇق توقۇمىچىلىق باش شىركىتىگە قاراشلىق بەش كارخانىدا ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز ليۇشاۋفېڭ خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق توقۇمىچىلىق سانائىتى باش شىركىتىگە بىۋاستە قاراشلىق شىنجاڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، شىنجاڭ 2 - يۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، ئۈرۈمچى يۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، شىنجاڭ ئىلمە - توقۇلما زاۋۇتى، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى تەمىنلەش - سېتىش شىركىتى باش شىركەت بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت توختامى تۈزدى. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كارخانىلاردا بىرىنچى تۈركۈمدە ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىك توختامى تۈزگەن ئورۇنلاردۇر.

باش شىركەتكە جەمئىي ئون كارخانا بىۋاستە قارايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە «1 - ئىيۇل» پاختا توقۇمىچىلىق باش زاۋۇتى كونا كارخانا بولغاندىن تاشقىرى، قالغان بىر نەچچە كارخانىنىڭ كۆپچىلىكى يېقىندىن قۇرۇلغان، كەسپىي ئۆزگەرتىلگەن زاۋۇتلار بولۇپ، ئۇلاردا قەرزى كۆپ بولۇش، ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى ئېغىر بولۇش، كارخانىنىڭ سېلىقى ئېغىر بولۇشتەك مەسىلىلەر ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى. ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى، بەزى زاۋۇتلار تاشقى شەرت - شارائىتىمىز ھازىرلانمىدى، ئىسلاھاتىمىز يۈرۈشۈپ كەتمىدى، قېيىنلىقىمىز، سېلىقىمىز كۆپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىكىنى يولغا قويۇش جەھەتتە قىيىنچىلىقىمىز كۆپ؛ ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىكى يولغا قويۇلغاندىن كېيىنمۇ، قەرز يۈكىمىز، بېسىمىمىز ئېغىر بولۇپ كېتىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

جانابىل ئاپتونوم رايون ئاچقان سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا مۇنداقدەپ چاقىرىق قىلدى:

## ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، بىرىنچى سەپكە بېرىپ تۆھپە يارىتىڭلار

ئۆز مۇخبىرىمىز ئىمىن تۇمەر خەۋەر قىلىدۇ: ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار نامرات، چەت ياقا ناھىيىلەر ۋە ئېنېرگىيە، قاتناش، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، مائارىپ قاتارلىق تارماقلارغا بېرىپ ئىشلەشكە ئىرادە تىكلىشى، پېشقەدەم زىيالىيلارنىڭ جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى لازىم. بۇنىسى 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىل خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن 1987 - يىل ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتىدا تەكىتلىدى.

تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن، خەلق سارىيى قىزغىن كەيپىياتقا چۆمدى، ئۈرۈمچى رايونىدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان 3000 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىغا قاتناشتى.

جانابىل ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن، مەكتەپتىن ئايرىلىپ، جەمئىيەتكە ئاتلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ئالدىدا تۇرغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى قىزغىن تەبرىكلىدى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى ئەجىر سىڭدۈرۈپ، تەربىيىلىگەن ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىدىن سەمىمىي ھال سورىدى ۋە ئۇلارغا رەھمەت ئېيتتى.

جانابىل مۇنداق دېدى: بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزدا ئالىي مەكتەپ، ئالىي تېخنىكۇملارنى پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولغان بىر يىل، تەقسىم قىلىنىدىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 7000 كىشىدىن ئاشىدۇ، ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدىغان كۈچ. قانداق قىلىپ ساۋاقداشلارنى خىزمەت ئورنىغا، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە خۇشال - خۇرام ماڭدۇرۇش ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ۋە پۈتۈن جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىش. ھەممىمىز ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ، بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

*-----------------*

## ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تىبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى يىغىن ئۆتكۈزۈپ، بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى مۇزاكىرە قىلدى

ئۆز مۇخبىرلىرىمىز ئامىنە ھېيت، بۇئايشەم قېيۇم خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى مۇدىرىيەت ئەزالىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ۋە 2 - نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى مۇشۇ ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاياغلاشتى.

86 نەپەر مۇدىرىيەت ئەزاسى ۋە ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل تىۋىپلىرى ۋەكىللىرى مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: بۇندىن كېيىن، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمىتىدە تەتقىقات ئىشلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، مەخسۇس تېمىلار بويىچە پائالىيەتلەرنى تەشكىللەش كېرەك. ھەر خىل تىپتىكى ئۆگىنىش، تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئېچىپ ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە ئېكسىيىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مىللىي تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك كەسپىي خادىملىرىنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسىنى، ئەمەلىي خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىش لازىم. ئاممىۋى سەھىيە خادىملىرىغا مىللىي تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ئىشلىرىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.



قورغاس ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى يېقىندا پوچتا پۇل ئامانىتى كەسپى بىلەن «ئاۋازلىق خەت» كەسپىنى يولغا قويۇپ، ئاممىنىڭ خەت - ئالاقە ئىشلىرىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. سۈرەتتە: پوچتا - تېلېگراف خادىملىرى ئاممىغا پوچتا پۇل ئامانىتى كەسپى بىلەن «ئاۋازلىق خەت» كەسپىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرمەكتە.

## پوزىتسىيە ئاكتىپ، تەييارلىق پۇختا بولۇشى كېرەك

### — يەنە ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قەتئىي تەۋرەنمەي يولغا قويۇش توغرىسىدا

گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ توقۇمىچىلىق سىستېمىسىدىكى بەش كارخانا مالىيە نازارىتى قاتارلىق تارماقلار بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىك توختامى تۈزدى. ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بىرىنچى بولۇپ ئىگىلىك باشقۇرۇش ... ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلاردۇر.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى جايلار، ھەر قايسى سودا - سانائەت كارخانىلىرى ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك

